« ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

# ئۈچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

1999 - يىلى 3 - ئاي

2 - سان

( ئومومىي 2 - سان )

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

Eastern Turkistan Information Center

## گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدىكى 50 تۈرك جەمئىيىتى « شەرقىي تۈركىستان ۋە كوسوۋا ۋەزىيىتى » دىگەن تېمىدا مەخسۇس كونفىرانس بېرىش كامپانىيىسى باشلىدى

**ئۆزمۇخبىرىمىزخەۋىرى:** تۈركىيە ديانەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە قاراشلىق گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھرى ۋە شەھەرئەتراپىدىكى 50 «ئىسلام مەدەنىيىتى جەمىيىتى» ۋە بۇجەمىيەتلەرگە قاراشلىق جامىلەر، بۇيىل 2 - ئايدىن ئېتىۋارەن مەخسۇس «شەرقىي تۈر كىستان ۋە كوسوۋا ۋەزىيىتى» دىگەن تېمىدا كونفىرانس ئۆتكۈزۈش كامپانىيىسى باشلىدى. (داۋامى 2 - بەتتە)



## قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىك قىلمىشىغا قارىتا نارازىلىقلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا

**ئۆزخەۋىرىمىز:** «قازاقىستان ئۇيغۇرئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى يېقىندا گېزىتىمىزمۇخبىرىنىڭ تېلىفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، نۆۋەتتە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق ئۈچ نەپەرسىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىك قىلمىشىغا، تېنىچلىق شەكلىدىكى ھەرخىل ئۇسۇللارئارقىلىق نارازىلىقلىرىنى داۋام قىلدۇرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. ( 2 - بەتتە)

## « پادا باقىقاندا دوست ئىدوق، ياڭاق چاقىقاندا ئايرىلدوق »

### « ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەھمەت پاختىنىڭ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان سىياسىي ئوبزورى

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىلىرىنى تولدۇرغان 1933 - يىلى بىلەن 1944 - يىللىرىدا قۇرۇلغان ئازات شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، سوۋېت ۋە خىتاينىڭ تىل بىرىكتۈرىشى نەتىجىسىدە قانداق بولۇپ تارقالغانلىقىنىڭ ئۇنۇتۇلماس فاجىئەسى ھەممىمىزنىڭ يادىدا خۇددى ھازىرقىدەك تۇرۇپتۇ. ماناشۇتارىخى ساۋاقلاردىن دەرس ئالغان ئۇيغۇرخەلقى، ھۆر ۋە ئازات ياشىغۇچى ئوتتۇرائاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن، قازاقىستاننىڭ موسكۋانىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇرتۇلۇپ، ئازات بولۇشىنى، شەرقىي تۈركىستان مىللى ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ باشلانغۇچ «بىسمىللاسى» دەپ بىلگەن ئىدى. ماناشۇسەۋەپتىن، چەتئەللەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك مىللى مۇنەۋۋەرلىرى ۋە مىللى رەھبەرلىرى تاكى 1949 - يىلىدىن باشلاپ خىتاي ۋە روسىيەدىن ئىبارەت ئىككى يۈزلۈك، شۇنداقلا ئىككى تىللىق ئىمپىرىيالىزىمغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلدى ۋە كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئىدى. (داۋامى 3 - بەتتە)

## ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى

**ئۆزمۇخبىرىمىزخەۋىرى:** «ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتى» نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ئۈچقۇن» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممەدىنىڭ تېلىفون ئارقىلىق قىلغان زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، يېقىندا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلىق ئەھدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر مۇجاھىتنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىك قىلمىشىدىن پۈتۈن ئاۋىستىرالىيىدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى ۋە «ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى» نىڭ بىرتەشكىلات سۈپىتىدە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇقىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە پات يېقىندا ئېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(داۋامى 2 - بەتتە)

## گېرمانىيىنىڭ مىيونخىن شەھرىدىكى 50 تۈرك جەمىيىتى «شەرقىي تۈركىستان ۋە كوسوۋا ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس كونفرانس بېرىش كامپانىيىسى باشلىدى

جەمئىي 5 - 6 ئاي داۋام قىلىدىغان ۋە ھەرھەپتىنىڭ ئاخىرى يۇقارقى جەمىيەتلەرگە قاراشلىق ھەرقايسى جامىلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان كونفرانسقا، مەركىزى گېرمانىيىنىڭ مىيونخىن شەھرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى»، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، «دۇنىيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشىپ، تۈرك جامائىتىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بېرىشكە باشلىدى.

ھازىرغا قەدەر «مىيونخىن پاسىڭ ئىسلام مەدىنىيتى جەمىيتى»، «مىيونخىن ئاللاھ ئىسلام مەدىنىيتى جەمىيتى» ۋە «مىيونخىن داخاۋ ئىسلام مەدىنىيتى جەمىيتى» قاتارلىق تەشكىلاتلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق كونفرانستا، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل قاراقاش تۈرك جامائىتىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئۈچ قېتىم، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئوخشاش مەزمۇندا ئىككى قېتىم ئومومى دوكلات بەردى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ھەرقېتىملىق كونفرانستا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تەبىئى بايلىقلىرى، سىياسى، ئىجتىمائى، دىنىي ۋەزىيىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەرگە سىلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرى ئەكسىئەتتۈرۈلگەن 50 پارچىغا يېقىن رەڭلىك فوتو - سۈرەتنى كۆرگەزمىگە قويۇپ، ئۇنى جانلىق شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ، كونفرانسقا قاتناشقانلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئابدۇجېلىل ئەپەندى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا ھامىلە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قوسقىدىكى بوۋاقلارنى مەجبۇرى ئېلىۋېتىشتا قوللانغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللىرىنى ۋە خىتاي تۈرمىلىرىدە ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ تارتقان قىيىن - قىستاقلىرىنى ئەملى مىساللار ۋە فوتو رەسىملەر بىلەن چۈشەندۈرگەندە بولسا، ھاياجاندىن كۆپ ساندىكى كونفرانس ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش تۆكۈلدى. ئۇندىن باشقا ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ نامىدا تۈرك تىلىدا ھازىرلانغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدىكى يازما دوكلاتنى كونفرانس ئەھلىگە تارقىتىپ بەردى. بۇدوكلات، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىختىسادى ۋە مائارىپ ئەھۋالى»، «ئاتوم سىناقلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك موھىتنىڭ بۇلغۇنىشى»، «خىتاينىڭ ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى»، «پىلانلىق تۇغۇت ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىلىرى»، «ئۇيغۇرقىزلىرىنىڭ فاھىشىلىققا مەجبۇرقىلىنىشى»، «سىياسى تۇتقۇنلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىنىشى»، «تۈرۈك ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى» ... قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق قىسمغا بۆلۈنگەن ۋە دوكلاتتىكى مەزمۇنلارغا ماس ھالدا رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كونفرېنسنى ئورۇنلاشتۇرغان تۈرك جەمىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە كونفرانسقا قاتناشقان مىيونخىندىكى كوسوۋا ۋەكىللىرى ئارقا- ئارقىدىن سۆزقىلىپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان ۋە كوسوۋادىكى موسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئوخشاش تەقدىرئىچىدە چىدىغۇسىزئازاپ ۋە زۇلۇم چېكىۋاتقانلىقىنى، ئەمما زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان ۋە كوسوۋاخەلقلىرىنىڭ بۇخىل زۇلۇملارنىڭ ئۈستىدىن ھامان غالىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى دۇنياجامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ جانلىق شەكىلدە ئاڭلىتىپ، خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە كوسوۋاغا بولغان دىققەت - ئېتىۋارىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تولىمۇ موھىملىقىنى بايان قىلدى.

## قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ھەرخىل شەكىللەرئارقىلىق قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىك قىلمىشىغا قارىتا نارازىلىقلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا

قەھرىمان غوجامبەردى قازاقىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «گەرچە نۆۋەتتە كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە قارىتا نارازىلىقلىرى داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىدە ۋە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە جىددى بىرئۆزگىرىش يۈزبەرگىنى يوق. بۇۋەقەدىن كېيىن، قازاقىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە بۇيەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، نارازىلىق مەكتۇپلىرىنى يوللاش قاتارلىق ئۇسۇللارئارقىلىق نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ، بىز «قازاقىستان ئۇيغۇرئىتتىپاقى» بولۇش سۈپىتىمىزبىلەن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ بۇخىل ھەرىكەتلىرىنى توختاتقانغا قەدەر نارازىلىق ھەرىكەتلىرىمىزنى توختاتماي داۋام قىلدۇرىمىز»

**ئاۋىستراليەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى**

ئەخمەت ئىگەمبەردى بۇ ۋەقەگە باھابېرىپ مۇنداق دېدى: «بىزئۇيغۇرلار بىزگە خوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قېرىنداش خوشنىمىزقازاقىستاننىڭ، ھاياتى خەتەرئاستىدا قېلىپ قازاق قېرىنداشلىرىدىن پانالىق تىلەپ چىققان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىك قىلمىشى، بىزئاۋىستراليەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى ۋە قايغۇرتتى. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇقىلمىشى، سىياسى ئەخلاققا ۋە خەلقئارالىق قائىدە - قانۇنلارغا پەقەت سىغمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇھەرىكىتى ئۈچ نەپەرئۇيغۇرنىڭ كاللىسىنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دىمەك ئۇلار جاللات خىتاينىڭ قولىدىكى قانغا شېرىك بولدى. بىزئۇيغۇرلار تامامەن يوقاپ كەتكىنىمىزيوق، ئىنشائاللا بىزنىڭمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشىدىغان چاغلىرىمىز كېلىدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتى كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا خىتاي بىلەن بولغان نۆۋەتتىكى مۇناسىۋىتىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك. ئەگەرقازاقىستان بۇخىل ھەرىكەتلەرنى يەنە قايتا داۋاملاشتۇرىۋەرسە، بىزئاۋىستراليەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە مەجبۇربولىمىز».



## «يادا باقاندا دوست ئىدۇق، ياتاق چاقاندا ئايرىلدۇق»

«ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى» نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەھمەت ياخشىنىڭ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن سىياسىي ئوبزورى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان بەش خوشنا جۇمھۇرىيەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي دۆلەت بايراقلىرى نيورك شەھىرىدىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» ئالدىغا داغدۇغىلىق بىلەن ئېسىلغان چاغدا، ھەممىمىز سۆيۈنۈشتىن كۆزلىرىمىزياشلىنىپ، «ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلىرىمىز» دەپ دۇئا ۋە تەبرىكلەر بىلەن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مىللىي بايراقلىرىنى سالاملاپ، سۆيۈنۈش كۆزياشلىرىمىزنى تۆككەن ئىدۇق ھەمدە، «ئەمدى قۇرتۇلۇش نۆۋىتى بىزگە كەلدى» دەپ سۆيۈنگەن ئىدۇق. ئەپسۇسكى پەلەكنىڭ گەردىشى يەنە بىزگە كۈلمىدى...

قازاقىستاندا تاكى 1970 ـ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان «يېڭى ھايات گېزىتى» تاقىۋېتىلدى. ئىلمىي ساھەدە شۇنداق چوڭ ۋە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ كەلگەن «ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتوتى» نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە خادىملىرى چەكلىنىپ، قازاق ئاكادېمىيەسى ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر شۆبىگە ئايلىنىپ قالدى.

قازاقىستاننى ئۆز ۋەتىنى دەپ بىلگەن ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەزىز جانلىرىنى قۇربان بېرىپ، قازاقىستان ئۈچۈن جەڭ قىلغان يۈزلەرچە ئۇيغۇر شېھىتلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى قازاقىستاندا كۆمۈلگەن تۇرۇقلۇق، بۈيەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكى يەتمىگەندەك، خىتاي جاللاتلىرىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن، قازاقىستاندىن باش پانا تىلەپ كەلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنى قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ خىتاي ھاكىمىيتىگە (ئۆلۈمگە) تاپشۇرۇپ بېرىشى ـ ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزمەي قالمايدۇ. ..

ئەسلىدە تۈرۈك مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاقىغا ھېچ توغرا كەلمىگەن بۇ ئەھۋال، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقىدەك بىر ناچار ھالدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا تىزچۆكۈپ باش ئەگكەنلىكىنىڭ ئوچۇق بىر ئىسپاتى بولۇپ، بۇھال، خەلقئارالىق ساھەدە قازاقىستاننىڭ ئىززەت ۋە ئابرويىنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەپ بولۇشى تۇرغان گەپ. ..

ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىدا مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزى بار: «جان دوستۇڭ جېنىڭدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىڭدىن كەچمەس»، «ياخشى ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتماس، ۋاپادار دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتماس»، «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا».




## قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى» نىڭ رەئىسى يۈسۈپبەگ مۇخلىسى، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى

ئۆزخەۋەرىمىز: مۇشۇ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى» نىڭ رەئىسى يۈسۈپبەگ مۇخلىسى ئەپەندى گېزىتىمىز مۇخبىرىنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا، شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ قازاقىستاندىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

يۈسۈپبەگ مۇخلىسى ئەپەندى بۇھەقتە توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: « بۇۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىز قازاقىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى دەرھال ھۆكۈمەتكە مۇراجات قىلىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن بۇۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردۇق ۋە بۇئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دېلوسىنى قازاقىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرتەرەپ قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، قازاقىستان «ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى بىلەن ئىككىمىز قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بىۋاستە ھالدا قازاقىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ باش سوتچى يۈھتېرىنوپ بىلەن كۆرۈشتۇق ۋە ئۇنىڭدىن ۋەقەنىڭ جەريانىنى سورىدۇق. يۈھتېرىنوپ ئۈچ نەپەرئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا نارازىلىق خېتى تاپشۇردۇق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇۋەقەدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردۇق.

ھازىر قازاقىستاندا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە بۇيەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە. يېقىندا بىز تەشكىلات سېپىتىمىز بىلەن موسكۋا، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا بەزى خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارىمىز، بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە شكايەت قىلماقچىمىز»

### قورغاس ناھىيەسىدىكى يوشۇرۇن سوت

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قورغاس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئون ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ ئۈستىدىن يوشۇرۇن سوت ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى نەپەر ياشقا ئۆلۈم جازاسى، قالغانلىرىغا 18 يىلدىن 10 يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى تۆۋەندىكىچە.

ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللاھ، 1965 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1987 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، قورغاس ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ سوت تەرىپىدىن «پارتلاتقۇچ دورا ياسىغان» دېگەن «جىنايەت» بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

پەرھات موللاخۇن، 1963 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەنگەن بولۇپ، ئۇ قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزىسى 5 ـ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسى «ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان.

## شىۋىتسىيىلىكلەر ئۇيغۇرلارنى تونۇشقا باشلىدى



شىۋىتسىيىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىمىز جەمشىت سادىق خەۋەر قىلىدۇ:

شىۋىتسىيىدىكى «شىۋىتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى» ئەزالىرىنىڭ جانلىق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىۋىتسىيىدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپلا قالماي، بەلكى «ئۇيغۇر» دىگەن بۇ نامنىمۇ ئاستا - ئاستا تونۇتۇشقا باشلىدى.

«شىۋىتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى»، 1997 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىۋىتسىيەنىڭ پايتەختى شتوكھولۇم شەھرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ، شىۋىتسىيەدە قۇرۇلغان تۇنجى ئۇيغۇر تەشكىلاتىدىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىدا، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى شىۋىتسىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش، شىۋىتسىيىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ھەرجەھەتتىن ياردەم قىلىش، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە پاش قىلىش ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەت قىلىش» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بۇ تەشكىلات قۇرۇلغان قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە، شىۋىتسىيە پارلامېنت ئەزالىرى، شىۋىتسىيەدىكى ھەرقايسى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، شىۋىتسىيىدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرى، تۈرك ۋە ئىسلام جەمىيەتلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن جەمىيەت ۋە تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، جۈملىدىن شىۋىتسىيە خەلقىغە تونۇتۇشقا تىرىشتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 54 يىللىقى، خىتاينىڭ غۇلجىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تىبەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن كونفىرانسلىرى، شىۋىتسىيە خەلقىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆتكەن يىلى تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ چاقىرغان «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتايلار بىرلەشمە يىغىنى»، شىۋىتسىيەدە ئالاھىدە سىياسى تەسىر قوزغىدى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىنغا تۆت تەرەپنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن سىرت، يەنە كۆپلىگەن چەتئەللىك موھىم ئەربابلار قاتناشتى. يېقىندا ئۇلار يەنە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن، شىۋىتسىيىدىكى قازاقىستان ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىش، چەتئەللىكلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئىلمى سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈش... قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشماقتا.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، ياۋروپاغا كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ساھەلەرگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان بېسىم ۋە زۇلۇم سىياسىتىنىڭ بارغانسىرى ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىگە كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى تېزسۈرئەتتە كۆپەيمەكتە.

1990 - يىلدىن بۇرۇن ياۋروپادا شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئاساسى جەھەتتىن يوق بولۇپ، ئۇندىن بۇرۇن گېرمانىيە، شىۋىتسىيە قاتارلىق ئەللەردە 60 - ۋە 70 - يىللاردا تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئارقىلىق ئىشچى بولۇپ كەلگەن 30 غا قەدەر شەرقىي تۈركىستانلىق ياشاپ كەلگەن ئىدى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپاغا كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىشى 1986 - يىلى باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئومومى سانى بىرقانچە كىشىدىن ئاشمايتتى.

90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئومومى يۈزلۈك بىر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» ئاخىرلاشقاندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان بىرئاز مۆتىدىل سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» جەريانىدا يولغا قويغان فاشىستىك سىياسىتىنى قايتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ساھەگە قاراتقان سىياسى بېسىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خىتاينىڭ بۇقىلمىشى، شەرقىي تۈركىستاندا سىياسى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەبچى بولدى. بۇسەۋەپتىن، شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاينىڭ دېكتاتورلىقى ئاستىدا ياشاشنى خالىمىغان، سىياسى جەھەتتىن خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرىغان، خىتايغا قارشى مىللى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالغان بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىگە كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولدى. 90 - يىلدىن بۇيان گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، شىۋىتسارىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىگە كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 400 دىن ئاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىللى مۇجاھىدلار، دېپلوماتلار، ژورنالىست - مۇخبىرلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، سەنئەتچى ۋە رەسساملار، ياش دىني زاتلار، تىجارەتچىلەر، ساقچىلار، ھۆكۈمەتنىڭ سابىق ئىشچى - خىزمەتچىللىرى ۋە ھەتتا دېھقانلار... قاتارلىق تۈرلۈك ساھەگە مەنسۇپ كىشىلەر بار. گەرچە ئۇلار ۋەتەندىن چەكسىز يىراقلىقتىكى ياقا - يۇرتلاردا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەزىز ۋەتىنىدە كوممۇنىست خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىنى يوق. ھازىر ياۋروپاغا بۇرۇن كەلگەن ۋە كېيىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۆز ئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، «شىۋىتسىيە تۈركىستان جەمىيىتى»، «شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» قاتارلىق تەشكىلات ۋە جەمىيەتلەرنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## ئازاتگۈل خىتاي تامۇژنىسىدا مەجبۇرى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدى

تۈزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇ يىل يانۋارنىڭ 14- كۈنى، يەنى 1- ئاينىڭ 7- كۈنى يەركەن ناھىيىسىنىڭ ئاغارچى يېزىسىدىن تۇرسۇن كېرەم، ئايالى ئازاتگۈل بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان. ئۇلار قىرغىزىستان ئارقىلىق بارماقچى بولۇپ، خىتاي تامۇژنىسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ئايرۇدرومدىكى خىتاي ژاندارمىلىرى ئۇلارنى توسۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنى تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن، يولىنىشى تۇرسۇن كېرىمنى باشقا ئۆيگە، ئازاتگۈلنى ئايرىم ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، يالىڭاچ قىلىپ تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئازاتگۈل كىيىملىرىنى يېشىشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈچ ژاندارما بىرلىشىپ مەجبۇرى ھالدا ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ قىپ - يالىڭاچ قىلغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا نىيىتى بۇزۇق ئۈچ خىتاي ژاندارمىسى ئازاتگۈلگە زورلۇق بىلەن باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان. 25 ياشلىق ئازاتگۈل ئۆزىنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ۋەھشى ژاندارمىلارغا قاتتىق يىغلاپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار: « ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىماڭ ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭنى چىگرىدىن ئۆتكۈزمەيمىز » دەپ تەھدىت سالغان. گەرچە ئازاتگۈل ئۇلارغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ھايۋان قېلىپىدىن چىققان بۇ ياۋۇز ژاندارمىلار ئازاتگۈلگە نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلغان. قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغان ئازاتگۈل بۇۋەقەنى ئېرىگە ئېيتىشقا پېتىنالماي، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان. غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقان تۇرسۇن كېرىم بۇ خورلۇققا چىدىماي، شۇ ھامان ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ھازىر بىچارە ئازاتگۈل چەتئەللەردە ئازاپ ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە.

## قەشقەر شەھرىدە ئىككى ئۇيغۇر نارسىدە قىز خىتاي ژاندارمىسىنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى

تۈزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: قەشقەر شەھرى ئىچىدىكى يېزىمۇلاقشەر كۆلبېشى مەھەللىسىگە خىتاي ژاندارما قىسىملىرىنىڭ ( قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ) يېرئوتتۇرا ئەترىتى جايلاشقان بولۇپ، بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەزكۇر ئەترەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاراۋۇلخانىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئىككى خىتاي ژاندارمىسى شۇ كۈنى سائەت يەتتىلەردە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاچا - سىڭىل ئىككى ئۇيغۇر قىزنى ( ئاچىسى ئامىنەم، 14 ياشتا. سىڭلىسى ئارزىگۈل، 12 ياشتا ) مەجبۇرى تۇتىۋېلىپ، قاراۋۇلخانىغا مەجبۇرى سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ، ۋەھشىلەرچە باسقۇنچىلىق قىلىپ بولۇپ قويۇپ بەرگەن. ۋەقەدىن كېيىن قىزلارنىڭ دادىسى بۇ ژاندارما مەسئۇللىرىغا باسقۇنچىلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، ژاندارمىلار ئۇلارنى كىرگۈزمىگەن. قاتتىق غەزەپلەنگەن بۇ كىشى ژاندارما ئەترىتى بىناسىغا كىرىشكە تىركەشكەن. ئەمما ژاندارمىلار ئۇنى « قوراللىق ساقچى ئىدارىسىغا مەجبۇرى بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇندى » دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىپ، قەشقەر شەھرىدىكى تۈرمىگە سولىغان. ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە خولۇم - خوشنىلىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ژاندارما ئەترىتىگە بارغاندا، ژاندارمىلار ئۇلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ تارقىتىۋەتكەن ئەمما 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە يولدا چارلاش ئېلىپ يېرىۋاتقان ئۈچ خىتاي ژاندارمىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، كوچىغا تاشلاپ قويۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئېلىپ كېتىلگەن، شۇنداقلا ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە « ئىككى نارسىدە قىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق » دەپ خەت يېزىپ قويۇلغان.

## چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى

1 - « شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » -
ئورنى تۈركىيەدە ، رەئىسى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن.
2 - « شەرقىي تۈركىستان ۋاقپى » -
ئورنى تۈركىيەدە ، باشلىقى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن.
3 - « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى » -
ئورنى تۈركىيەدە، باشلىقى سېيىت تارانچى
4 - « شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى » -
ئورنى تۈركىيەدە، باشلىقى ئابدۇۋەلىجان
5 - « شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر ھەمكارلىق جەمىيىتى » -
ئورنى تۈركىيەدە، باشلىقى مەھمەت ئىمىن باتۇر
6 - « ئا . ق . ش شەرقىي تۈركىستان مىللى تەتقىقات مەركىزى »
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى غولامىددىن پاختا
7 - « خانتەڭرى ئۇيغۇرچىلار بىرلەشمىسى » -
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى روشەن ئابباس
8 - « شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق مىللى مەركىزى » -
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى ئەنۋەر يۈسۈپ
9 - « تەكلىماكان ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » -
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى ئابلاجان لەيلى نامان
10 - « ئاۋىستىراليە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » -
ئورنى ئاۋىستىراليەدە، باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى
11 - « نسۋ شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » -
ئورنى ئاۋىستىراليە - سىدنىدا
12 - « مېلبورىن شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » -
ئورنى ئاۋىستىراليەدە
13 - « بىرلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى سىياسى كېڭىشى » - ئورنى قازاقىستاندا، قوش رەئىسى : يۈسۈپ مۇخلىسى، سابىت ئابدۇراخمانوۋ، قەھرىمان خوجامبەردى
14 - « خەلقارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى »
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى قەھرىمان خوجامبەردى
15 - « شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق مىللى بىرلىك سېپى » -
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى يۈسۈپ مۇخلىسى.
16 - « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » -
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى سابىت ئابدۇراخمانوۋ.
17 - « قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » -
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى تۇرغان توختەموۋ
18 - « ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى »
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى يولداش ئازماتوۋ
19 - « قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاقى » -
ئورنى قىرغىزىستاندا، باشلىقى نىغمەت ئابدۇقادىر
20 - « مەركىزى ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاخبارات - لايىھە مەركىزى » -
ئورنى قىرغىزىستاندا ، باشلىقى نۇرمەمەت كەنجى ئوغلى
21 - « قىرغىزىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » -
ئورنى قىرغىزىستاندا ، باشلىقى : دانىك ئابباسوۋ
22 - « ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » -
ئورنى ئۆزبېكىستاندا، باشلىقى قۇربانجان ئەخمەت
23 - « تۈركمەنىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » -
ئورنى تۈركمەنىستاندا
24 - « ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى » -
ئورنى گېرمانىيەدە ، رەئىسى ئەسقەرجان
25 - « ياۋرۇپا ئۇيغۇر جەمىيىتى » -
ئورنى گېرمانىيەدە، باشلىقى ئابدۇجېلىل قارىقاش
26 - « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى كومىتېتى » -
ئورنى گېرمانىيەدە ، باشلىقى ئۆمەر قانات
27 - « ئەنگلىيە شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى » -
ئورنى ئەنگلىيەدە، باشلىقى سۇلايمان ئوكۇگان
28 - « ئەرەبىستان رادىئوسى تۈركىستان بۆلۈمى » -
ئورنى سەئۇدى ئەرەبىستاندا، باشلىقى ئابدۇلئەھەد مۇھەممەدئەلى
29 - « روسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » -
ئورنى روسىيە- موسكۋادا، باشلىقى رەفقەت سادىقوۋ

ئۇندىن باشقا ھىندىستان، پاكىستان، ئاۋغانىستان، كەشمىر، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، شياڭ گاڭ، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، بولغارىستان، كانادا، قىبرىس، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ھازىرچە ئىسىم، ئادرىسىنى ئېلان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن رەسمى ، غەيرى رەسمى ۋە مەخپى تەشكىلاتلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

(« شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » تەرىپىدىن ھازىرلانغان)

شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر ئەسىردىن بىرى خەلقئارا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. 1870 - يىللاردا ياقۇپ بەگ بەدۆلەت قۇرغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى تۈركىيە، روسىيە ، ئەنگلىيە، ھىندىستانلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئەسكىرى دىپلوماتىيەلەردە بولدى. 1933 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، ساۋۇت داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەج، زىيارەت مۇناسىۋىتى بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاكا - ئۇكا ھۈسەن بايلار گېرمانىيە، روسىيە، ئەنگلىيەلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قىلدى. بۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تۈركىيە، مىسىر، روسىيە، ھىندىستان ئۆزبەكىستانلارغا ئوقۇشقا چىقتى. 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى روسىيە، خىتاي، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە بولدى. 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندە نۇرغۇن شەرقىي تۈركىستانلىقلار كەشمىر، ھىندىستانلارغا چىقىپ كەتتى. 1950 - يىللاردا نۇرغۇن كىشىلەر روسىيە پاسپورتى ئېلىپ قازاقىستان، ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستانلارغا كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. 1960 - يىللاردا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئافغانىستانغا چىقىپ كەتتى. 1962 - يىلى ناھايىتى نۇرغۇن كىشى قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. 1984 - يىلدىن كېيىن ، چېگرا سودىسى يولغا قويۇلۇپ يەنە نۇرغۇن كىشى تىجارەت ئۈچۈن چەتئەللەرگە چىقىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا چىقتى.

ھازىر دۇنيادىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار20 دىن ئارتۇق دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرخىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ سىياسىي تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ كۈرەش قىلماقتا.

1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە 14دۆلەتتىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى توپلىنىپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي ئاپاراتىنى تۈزۈپ چىقتى.

## تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە

1952 - يىلى مەھمەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن 850 نەپەر كىشى كەشمىردىن، 1965 - يىلى 237 نەپەر كىشى ئافغانىستاندىن، 1967 - يىلى 90 نەچچە نەپەر كىشى ئافغانىستاندىن، 1969 - يىلى 100 نەچچە نەپەر كىشى كەشمىردىن ، 1982- يىلى 2 مىڭغا يېقىن كىشى ئافغانىستاندىن كوللېكتىپ ھالدا تۈركىيەگە كېلىپ پانالىق تىلىدى. ئۇندىن باشقا ھەج مۇناسىۋىتى ، تۇققان يوقلاش ۋە تىجارەت، زىيارەتلەر بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار 5 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ. بۈگۈن 25 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ئىزمىر، قەيسەرى، قەھرىمان ماراش، كونيا، نىيدە، سالىھلى، ۋان قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشىماقتا . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن گېنىراللار، پروفېسسورلار، مىليونېرلار، مەمۇرىي ، كەسپىي كادىرلار، تىجارەتچىلەر يېتىشىپ چىقتى ھەمدە ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

مەھمەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىق يېتەكچىلەر ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، گېزىت، ژۇرنال چىقىرىپ ، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارغا باياناتلار ئېلان قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىنى خەلقئاراغا ئاڭلاتتى . بۈگۈن تۈركىيىدىكى قېرىنداشلىرىمىز گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىننىڭ باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەن داۋاسى كۈرىشىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

ھازىر تۈركىيىدە « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ، « شەرقىي تۈركىستان » ، «كۆك بايراق » قاتارلىق ژۇرناللار، « شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » ، « شەرقىي تۈركىستان » قاتارلىق گېزىتلەر شۇنىڭدەك بىرمۇنچە كىتاب، كالېندارلار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلماقتا.

## سەئۇدى ئەرەبىستاندا

ئەسىرلەردىن بېرى ، بولۇپمۇ يېقىنقى ئەللىك يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار مەككە، مەدىنە، رىياز، جىددە، تايىپ قاتارلىق شەھەرلەردە بولۇپ، ئارىسىدىن ئاتاغلىق مىليونېرلار، زىيالىلار، مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئوقۇتقۇچىلار ، تىجارەتچىلەر يېتىشىپ چىقتى. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار 10 نەچچە يەردە رابات - مېھمانخانا ئېچىپ، ھەجگە كەلگەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن زور ياردەملەرنى قىلماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داۋا تەشكىلاتلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ياردەملەرنى بېرىپ ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مەھمەت شاھ ھەبىبۇللا، ئىلى ھاجىم روزى، ئىبراھىم ۋاسلى، ئابدۇغوفۇر ئىمىن ، ھۈسەيىن قارى ئىسلامى، رەھمىتۇللاھ تۈركىستانى، ئابابەكرى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇزاھىر داموللام، تۇرسۇن ھاجىم يېڭىسارى، ئابدۇساتتار مەۋلەۋى قاتارلىق زاتلار سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېتەكلەش يولىدا ئەجىر سىڭدۈردى.

## قازاقىستاندا

قازاقىستاندا ئەسلىدىكى يەتتەسۇ تارانچى ئۇيغۇرلىرى ۋە كېيىن كۆچۈپ چىققانلار بولۇپ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار ئالماتا، ياركەنت، چىمكەنت، چونجا، ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۆلەت ئادەملىرى، ھەربىي قوماندانلار، زىيالىلار، يازارلار، مەمۇرىي كادىرلار، فابرىكانتلار، تىجارەتچىلەر يېتىشىپ چىقتى.

ۋەتەننىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىدە زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئابدۇرەئۇف مەخسۇم، زۇنۇن تېيىپوف، زىيا سەمەدى، ھىزمەت ئابدۇللىن قاتارلىقلار قازاقىستاندا ياشىغان. بۈگۈن قازاقىستاندىكى ۋەتەن داۋاسى تەشكىلاتلىرى ئورتاق كېڭىشىپ چېگرا بويىدىكى قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن ، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشماقتا.

## ئۆزبەكىستاندا

ئۆزبەكىستاندا ئەزەلدىن ياشاۋاتقان ۋە كېيىن كۆچۈپ چىققانلار بولۇپ ، 60 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار تاشكەنت، ئەنجان، بۇخارا، يانگى يول قاتارلىق شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشكەن پىشقەدەم ھەربىيلەر، زىيالىلار، يازارلار، تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر بار. ئۆزبەكىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ۋەتەن داۋاسى يولىدا كۈرەشمەكتە.

# چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

## قىرغىزىستاندا

قىرغىزىستاندا 50 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشايدۇ. ئۇلار بىشكەك قاتارلىق شەھەرلەرگە يەرلەشكەن بولۇپ، ئارىسىدا مىللەت ۋەكىللىرى، دۆلەت مەمۇرلىرى، زىيالىلار، تىجارەتچىلەر بار. قىرغىزىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز ۋەتەنگە چېگرىداش بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزىستاننىڭ قانۇنلىرى دائىرىسىدە مىللىتىنىڭ ھۆرىيىتى ئۈچۈن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۆرەش قىلماقتا.

## ئامېرىكىدا

ئامېرىكادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار 2 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئاساسەن نىيۇيورك، ۋاشىنگتون، لوس ئانجىلىسلارغا يەرلەشكەن. پىروفىسور، تەتقىقاتچى، مەمۇرى كادىر، ئوقۇغۇچى، تىجارەتچىلەر زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن داۋاسى يولىدا ئىلمىي كۆرەشلەرنى قانات يايدۇرماقتا.

ئامېرىكىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ۋەتەن داۋاسى تەشكىلاتلىرى يېڭى كۆرەش سەپلىرىنى ئاچماقتا.

## گېرمانىيەدە

گېرمانىيەدە 003 گە يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. كۆپ قىسمى ميونىخ شەھرىدە بولۇپ، تۈركىيەدىن ئىش بىلەن كەلگەنلەر ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ پانالانغانلار بولۇپ، ئاساسەن ئىشچىلىقتا ئىشلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن ئالېتكىن باشچىلىقىدىكى ميونخېندا قۇرۇلغان تەشكىلاتى ۋەتەن داۋاسىنى ياۋرۇپادا ئاڭلىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. 1996 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىينىڭ ميونخېندا ئېچىلىشى گېرمانىيەدىكى ۋەتەن داۋاسى كۆرىشىنى يەنىمۇ بىر بالداق يوقىرى سەۋىيىگە كۆتەردى.

## ئاۋىستىرالىيەدە

ئاۋىستىرالىيەگە 1960 - ۋە 1970 - يىللاردا بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستانلىقلار كۆچۈپ بارغان. ھازىرقى نوپوسى مىڭدىن ئاشىدۇ. ئەخمەت ئىگەمبەردى يېتەكچىلىكىدىكى تۈركىستان جەمىيىتى ئاۋىستىرالىيەدىكى تاتار، ئۇيغۇرلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەن داۋاسىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاڭلاتماقتا.

## ياپونىيەدە

ياپونىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئوقۇۋاتقان، ئىشلەۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىلمي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار گېزىت، ژورنال، رادىئولاردا ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلىپ، كىتاپلار يېزىپ ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنى، سىياسى ۋەزىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ ۋەتەن داۋاسىغا ھەسسە قوشماقتا.

## باشقا دۆلەتلەردە

يوقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە، تۈركمەنىستان، مىسىر، پاكىستان، ئاۋغانىستان، ھىندىستان، كەشمىر، روسىيە، شۋىتسارىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، كانادا، بولغارىستان، قىبرىس، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان 10 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ھۆرىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتمەكتە.

روس كوممۇنىستلىرى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، دۇنيادا يېگانە قالغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ساختا سىياستى ۋە چېكىدىن ئاشقان تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق باستۇرۇشلىرىنى كۆرگەن دۇنيا جامائىتى بارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن رەسمى ۋە غەيرى رەسمى يوللار بىلەن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەكتە.

# « ياۋروپا پارلامېنتى » ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورگانلار

## «ياۋروپا پارلامېنتى»

ياۋروپا پارلامېنتى 626 مىللەت ۋەكىلىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ قارارلىرى پەقەتلا تەۋسىيە تۈسىنى ئالغان. ئۇ، ياۋروپا كومىسسىيونىدىكى تەكلىپ - لاھىيىلەرنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ياۋروپا بىرلىكى ھەرئايدا بىرقېتىم فرانسىيىنىڭ شتراس بۇرۇگ شەھرىدە بىرقېتىم توپلىنىدۇ.

## مىنىستىرلار كونسىيى

مىنىستىرلار كونسىيى ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ئەڭ موھىم ئورگىنى بولۇپ، ئۇ، ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 15ئالەپەرتاشقى ئىشلارمىنىستىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ مەركىزى لۇكسېمبۇرگتا بولۇپ، ھەرقانداق مەزمۇندا قارارچىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## ئادالەت دىۋانى

ئادالەت دىۋانى - ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىردىن سوتچىسىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ھەربىر سوتچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 6 يىل بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس قانۇنى داۋالارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ.

## ياۋروپا كومىسسيونى

ياۋروپا كومىسسيونى - ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ئىجرا قىلىش ۋە يېتەكچى ئورگىنى بولۇپ، بۇ كومىسسيون 20 كىشىدىن تەركىپ تاپقان. ئىتالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيەلەرنىڭ بۇ كومىسسيوندا ئىككىدىن كومىسسەرقويۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. بۇ كومىسسيونىڭ يىللىق خامچوتى 520 مىليارت فرانسىيە فرانكى.

مەركىزى بېلگىيەنىڭ بىرۇكسېل شەھرىدىكى ياۋروپا بىرلىكى بىناسىدا 15مىڭ مەمۇرى خادىم ئىشلەيدۇ ۋە ئۇلارنى 20 مەركىزى ئىدارە باشقۇرىدۇ. ياۋروپا بىرلىكى يەنە بىرجەھەتتىن ئالغاندا ياۋروپا ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

## «ياۋروپابىرلىكى» پارلامېنتىنىڭ 21 نەپەر ئەزاسى پارىخورلۇق سەۋەبىدىن كوللېكتىپ ئىستىپا ئەتتى

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» خەۋەرقىلىدۇ : مۇشۇئاينىڭ 15 - كۈنى، «ياۋروپا بىرلىكى» كومىسسىيونىنىڭ 21 نەپەر ئەزاسىنىڭ پارىخورلۇق سەۋەبىدىن ئىستىپا ئېتىشى، ياۋروپا بىرلىكىدە چوڭ كىرىزىس ياراتتى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، «ياۋروپا پارلامېنتى» نىڭ بۇئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، يېقىن ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى ۋە دوست - يارەنلىرىنى ياۋروپاپارلامېنتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە خىزمىتىدىكى قولايلىقلاردىن پايدىلىنىپ، پارلامېنتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغان. بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا شەخسى ساياھەت قىلغان. ياۋروپا پارلامېنتىدە پارىخورلۇق بىلەن ئەيىپلەنگەن ۋە بۇسەۋەپتىن ئىستىپا قىلغان بىرقىسىم پارلامېنت ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



ئېدىت كىرەسسون خانىم: «ياۋروپا بىرلىكى» نىڭ فىرانسىزتەتقىقات كومىتسەرى بولۇپ، 64 ياش، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى چىش دوختۇرىنى «مەسلىھەتچى» دەپ كۆرسىتىپ مائاش ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپلەندى.

مونىكا ماتىيس: 56 ياشتا بولۇپ، «ياۋروپا بىرلىكى» نىڭ گىرمان كومىسسارى. مونىكاخانىممۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى «مەسلىھەتچى» دەپ كۆرسىتىپ، ياۋروپا پارلامېنتىدىن مائاش ئېلىپ بەرگەن.

مانوئېل مارىن گونزالىس: 49 ياشتا بولۇپ، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ئىسپانىيە كومىتسەرى شۇنداقلا ئاق دېڭىزئەللىرى ياردەم فونىنىڭ باشلىقى. ئۇنىڭ ئاساسلىق قىلمىشلىرى پارىخورلۇق، ئېشىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇپەتتىشلەرگە ياردەملىشىشتىن باش تارتىشتىن ئىبارەت.

جاۋىنھايرو: 53 ياشتا بولۇپ، بورتىگالىيە كومىسسارى. ئۇ خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ قېينى ئىنىسىنى پارلامېنتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

## بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى بىناسىنى جاسوسلار قاپلاپ كەتتى

ئۆزخەۋىرىمىز : نىيورۇك پوچتا گېزىتى» نىڭ يېقىنقى سانىدىكى بىرخەۋىرىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا ، ئامېرىكىدىكى «بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى» نىڭ بىناسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جاسوسلىرى قاپلاپكەتكەن. بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئەرەپ، يەھۇدى، سىرىب، بوشناك، رۇم ۋە تۈرك جاسۇسلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەن. بۇجوسلار بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى بىناسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملار ۋە دېپلوماتلار ، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن دۆۋلەت باشلىقلىرىنىڭ ھەربىرھەرىكىتىنى نازارەت قىلغان ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئۆيلىرىگە مەخپى كىرىپ ئاخبارات ئوغرىلىغان. نىۋيورۇك پوچتا گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتىدىكى دېپلوماتلار ھەر كۈنى بارىدىغان ئاشخانا، رېستوران، قاۋاقخانىلارنىڭ كۈتكۈچىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك جاسوسلۇق قىلىدىكەن. جاسوسلار كۆپ ھاللاردا دېپلوماتلارنىڭ تېلىفۇنلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مەخپى كامېراغا ۋە سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىدىكەن. بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى بىناسىدىكى تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىراقلىقلار بولۇپ، بۇئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك سادىدام ھۈسەيىنىنىڭ سادىق جاسوسلىرى ئىكەن ۋە بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتىنىڭ ئىراق ۋە سادىدام ھەققىدىكى ھەربىر مەلۇماتىنى ئۇدۇللۇق سادىدامغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

## ئىقتىسادى كىرىزىس سەۋەبىدىن خەلقنىڭ ئىسيان قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن روسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئىقتىسادى سىياسىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ يېيىغا چۈشتى

ئۆزخەۋىرىمىز: روسىيەدە بۇندىن ئالتە ئاي بۇرۇن، يەنى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پارتلىغان ئىقتىسادى كىرىزىس ھازىرغا قەدەرداۋام قىلماقتا. ھازىرقى روسىيە ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ ئىسيان قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزۋەتتە يولىغا قويۇۋاتقان خۇسۇسىلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادى سىياسىتىنىڭ مەلۇم بىرقىسمىنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىشنىڭ يېيىغا چۈشتى. بۇسەۋەپتىن يېقىندا يېلتسىن ۋە كىرېمىلىن ھاكىمىيىتى، باش مىنىستىرىۋگىنى پىرىماكوپ ۋە كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى روسىيە پارلامېنتى بىلەن «روسىيەدە سىياسى مۇقىملىقنى ۋە ئىچكى بىخەتەرلىكنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاگلاشمىسى» ئىمزالىدى. بۇئاگلاشمىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا روسىيە، يەتتە يىلدىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى ئۆزگىرىش ئىسلاھاتى سىياسىتىنى باشقىدىن كۆزدىن كەچۈرىدۇ، يەنى روسىيەدە 1992 - يىلىدىن بېرى ئاناتولى چۇبئاس تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان «خۇسۇسىلاشتۇرۇش سىياسىتى» قايتىدىن ئۆزگەرتىلىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى سول مەركەزچىلىككە قايتۇرۇلىدۇ. روسىيەدە ئىقتىسادى كىرىزىسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپچى بولغانلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ. روسىيەنىڭ ئاساسى قانۇنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ، روسىيە تەۋەسىدىكى ئاپتونوم رايونلار ۋە رېسپوبلىكىلارغا ھازىرقىدەك ساياسى يولى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكىدەك مەركىزى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بىۋاستە رەھبەرتەيىنلىنىدۇ.

ھازىر 150 مىليون نوپۇسلۇق روسىيەدە 140 مىليون ئىنسان ئاچلىق ۋە نامراتلىق ئىچىدە ياشىماقتا. بۇ، روسىيەدە كوممۇنىستلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان. ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىدىكى ئۆزگىرىشنى ھېس قىلغان رۇس بايلىرى چەتئەللەرگە قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەن.



گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە باش مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغائائىتتۇر.
گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E T I C
Lindwurmstr. 99
80337 München Germany
E-Mail: etic@uygur.com
Internet: www.uygur.com
Tel: 0049/89/543 88 98
Fax: 0049/89/54 45 63 30

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ
15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشرقىلىنماقتا.
جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي !